爷爷讲的故事

بوۋام ئېيتقان ھېكايىلەر

# قارلىغاچ

9

# 燕子



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# قارلىغاچ

# 燕子

پىلانلىغۇچى: دىلبەر ئابدۇرېھىم
ئېلى ياقۇپ
رەسىمىنى سىزغۇچىلار: ئابدۇنەبىجان ياقۇپ
ئەنۋەر ھاشىم
خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ئامانگۈل نۇر



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئۇچار قانات، جان - جانىۋارلار يارىتىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارغا ھەر خىل يەم - خەشەك، ئوزۇق - تۈلۈكلەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىكەن.

主创造飞禽和走兽后不久，为他们举行了“分食大会”。



يىلاننىڭ پۇتى بولمىغاچقا، سۆرۈلۈپ مېڭىپ تەقسىمات يىغىنىغا كېچىكىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان پادى-
شاھ ئۇنىڭ خالىغان بىر ئوزۇقلۇق تېپىۋېلىشىغا رۇخسەت قىپتۇ. لېكىن، يىلان ئۆزىگە ئوزۇقلۇق ئىزدە - ئىزدە ھېچ
نەرسە تاپالماي، ئاخىر بىچارە ھالغا چۈشۈپ يېتىپ قاپتۇ.

因为蛇没有脚爬的慢，分食大会那天迟到了。苏莱曼王同意蛇可以为自己寻找任何一种食物。可是，蛇找了很久很久也没有找到食物，最后落到可怜的境地。



بۇنى ئاڭلىغان پاشا يىلانغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ئىزدەپ قايتىپ كېتىۋاتسا، قارلىغاچ ئۇچراپ كې-
تىۋېتىپ:
— ھەي، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ ماڭغىن! — دەپ توۋلاپتۇ. پاشا:
— يىلان ئاكامغا ئوزۇقلۇق تېپىشىپ بەرگەنىدىم، خۇش خەۋەر يەتكۈزەي دەپ ئالدىراۋاتىمەن، — دەپلا كېتىشكە تەم-
شىلىپتۇ.

听到这事的蚊子非常同情蛇，它在为蛇寻找食物回来的路上碰见了燕子，燕子对蚊子说:“哎，休息一会儿再走吧!”蚊子说:“我帮蛇大哥寻找到了食物，急着把这个好消息告诉它。”



قارلىغاچ پاشىدىن:

— قانداق ئوزۇقلۇق تاپتىڭ؟ — دەپ سورىسا، پاشا ئادەمنىڭ قېنىنى تاپقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. قارلىغاچ ئۇ-
نىڭدىن ئادەملەرگە زىيان سالماسلىقنى شۇنچە ئۆتۈنسىمۇ قىلچە پەرۋا قىلماپتۇ.

燕子问蚊子:“你找到了什么食物?”蚊子告诉它找到的是人血。燕子百般恳请蚊子不要伤害人类,但是蚊子却置之不理。



لېكىن، قارلىغاچ ئەقىل ئىشلىتىپ يەنە:

— ئادەمنىڭ قېنى راستتىنلا تاتلىقمىكەن؟ — دەپ سورىغانىكەن، پاشا:

— ئاجايىپ تاتلىقكەن، ئىشەنمىسەڭ تېتىپ باققىن، — دەپ تىلىنى چىقىرىپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن قارلىغاچ پاشىنىڭ تىلىنى چوقۇۋاپتۇ، بۇ زەربىدىن جېنى چىققۇدەك بولغان پاشا:

— ۋايجان! — دېگىنىچە تىلىدىن قاپتۇ.

燕子很无奈地问:“人血真的那么甜吗?”“是的,非常甜,不信你尝一尝”说着蚊子把舌头伸了出来,瞅准时机的燕子啄了蚊子的舌头,受重击的蚊子快痛死了,“哎呦”的叫着失去了舌头。



پاشا گىڭشىغان پېتى يىلاننىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن يىلان:

— ماڭا قانداق ئوزۇقلۇق ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىسا، پاشا توختىماي گىڭشىۋېرىپتۇ، يىلان ئاچچىقىدا:

— هۇ گاچا، گەپنى تۈزۈك قىل! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

蚊子嗡嗡地叫着来到了蛇身旁，蛇问：“你给我带来了什么食物？”蚊子“嗡嗡声”不断，蛇生气地吼道：“哼！哑巴，把话说清楚。”



بۇنى كۆرۈپ تۇرغان قارلىغاچ يىلانغا:

— پاشا دۇنيادا ھەممىدىن پاقىنىڭ قېنى تاتلىقكەن دەيدۇ، — دەپتۇ.

يىلان ئانچە ئىشەنمىگەنىكەن، قارلىغاچ:

— ئىشەنمىسەڭ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بىلىۋال تەييارتاپ، — دېگىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

看着这一切的燕子对蛇说:“蚊子说世上最好吃的是青蛙的血。”

蛇不太相信燕子的话。“你要是怀疑我说的,就自己问它吧! 懒东西”说着燕子就飞走了。



قارلىغاچ ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلغاچقا، ئۇلار شۇندىن بۇيان قارلىغاچنى تولىمۇ ئەتىۋارلايدىكەن، قارلىغاچمۇ با-
هار كېلىشى بىلەن تەڭ ئۆيلەرنىڭ ئايۋان - سارايلىرىغا ئۇۋا سالىدىكەن.

燕子为人类做了一件好事。因此,从那之后人类也更加爱护燕子,春天一到燕子们就在人类的屋檐下筑巢。

# پادىچى بالا

# 牧羊童





بۇرۇنقى زاماندا بىر بالا تاغ باغرىدا يالغۇز مال باقىدىكەن، مالنى يايلاققا قويۇپ بېرىپ بەزىدە ئۇخلايدىكەن، بەزىدە ئالىتاغىل ناخشا توۋلاپ ئولتۇرىدىكەن.

很久以前有个男孩独自一人在山上放羊，他把羊群赶到草地上后，要么睡觉，要么胡乱唱歌。



بىر كۈنى ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن:

— بۆرە كەلدى...... بۆرە كەلدى...... چاپسان كېلىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

有一天他为了打发寂寞，便叫喊道：“狼来了，狼来了，快来人呀！”



بالىنىڭ توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ يېزىدىكىلەر تاياق - توقماقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يېتىپ كېلىشىپتۇ ۋە بالىدىن:

— ھەي، بۆرە قېنى؟! — دەپ سورىسا، ئۇ تاغ تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ ياققا كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

村里的人们听到男孩的喊叫后便拿着木棒和棰子赶来打狼。他们问男孩:“狼呢?”男孩指着山那边回答道:“狼朝那边去了。”



بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىچى بالا بۇرۇنقىدەك:

— بۆرە كەلدى! بۆرە كەلدى! — دەپ ۋارقىراپتۇ، كەنتتىكىلەر كېلىپ بالىنىڭ يەنە يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلىپ، خاپا بولغان هالدا قايتىپ كېتىشىپتۇ.

过几天后男孩又故伎重演。村民赶来后得知男孩又在说谎,便生气地回去了。



بىر كۈنى پادىچى بالا ماللىرىنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ قارىغاينىڭ ئاستىدا سايىداپ ئولتۇرسا، راستتىنلا بىر بۆرە كېـ
لىۋاتقۇدەك، بالا قورققىنىدىن ئاران - ئاران ۋارقىراپتۇ:

— بۆرە كەلدى! بۆرە كەلدى!

一天，男孩把羊赶到草地上后便坐在松树下乘凉。狼真的来了，吓得他惊慌地叫道："狼来了！狼来了！"。



بۆرە ئېتىلىپ كېلىپ بالىغا چاڭگال ساپتۇ.

狼凶猛地扑向了男孩。



پادىچى بالىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى كىشىلەر ئېنىق ئاڭلىغان بولسىمۇ، «ئۇ يەنە بىزنى ئالداۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، بىرەر-سىمۇ ياردەمگە بارماپتۇ. بىچارە بالا ئۆزىنىڭ يالغانچىلىقى تۈپەيلى ئۆز جېنىغا ئۆزى زامىن بوپتۇ.

村民清楚地听到男孩的喊声，他们认为男孩又在说谎，便没任何人去帮他。可怜的男孩被自己所编的谎言要了自己的命。

# دۆت ئېشەك

# 笨拙的毛驴





ئۆزىنى ناھايىتى ئەقىللىق چاغلايدىغان ئېشەك بىر باغقا كىرىپ قاپتۇ. قارىسا شاخلاردا ئالما، ئۆرۈكلەر، پېلەكتە قوغۇن ـ تاۋۇزلار، باراڭدا كاۋا ـ قاپاقلار پىشىپ تۇرغۇدەك.

有一只自以为很聪明的毛驴来到了一个果园里，看到树上的苹果、杏子，藤蔓上的甜瓜、西瓜，架上熟透了的南瓜。



ئېشەك ھەيرانلىقتا سالپاڭ قۇلاقلىرىنى لىكىلدىتىپ:

— تەبىئەت كۆپ نەرسىلەرنى ئېگىز - پەس يارىتىۋېرىپتۇ، — دەپتۇ.

毛驴惊讶地抽动了一下耷拉着的长耳朵说道:“大自然创造的东西比例好不协调。



شاختا تۇرۇپ بۇنى ئاڭلىغان قۇشقاچ ئېشەكتىن:

— قېنى ئېيتقىنا، ساڭا بۇلارنىڭ نېمىسى يارىمايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

树上的小鸟听到毛驴的话后问:“那你说说,这些东西有什么问题?”。



ئېشەك ئالما ۋە كاۋىلارنى شەرەت قىلىپ:

— كۆرمەمسەن، شۇنداق يوغان دەرەخلەردە كىچىك بالىلارنىڭ مۇشتۇمىدەك ئالمىلار، كىچىككىنە نازۇك پېلەك-لەردە ئاتنىڭ بېشىدەك كاۋىلار ئېلىنىپ تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ.

毛驴指着苹果和南瓜说:“你看,这么大的树上结着像小孩拳头般大的苹果,那么小的藤上长着像马脑袋般大的南瓜。”



ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئالما دەرىخىگە سۈركەلگەنىكەن، بىر تال ئالما ئۈزۈلۈپلا بېشىغا چۈشۈپتۇ.

— ۋاي بېشىم، يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى، — دەپ چىچاڭشىپتۇ ئېشەك.

— ھېلىمۇ ياخشى شاختىكىسى كاۋا ئەمەسكەن، بولمىسا مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتەتتى، — دەپتۇ قۇشقاچ كۈلۈپ.

毛驴说完便把肚皮抹了苹果树上，一个苹果砸在它的头上，毛驴恼怒地喊道：“哎哟！我的头都快被砸裂了。”小鸟笑着说：“幸好树上结的是苹果，要是南瓜的话，会把你脑浆砸出来的。”